# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى نىزامى

(2009- يىل 12- ئاينىڭ 29- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 11- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16- يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## 1- باب ئومۇمىي پرىنسىپ

**1- ماددا**

بۇ نىزام باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ۋە ئىناقلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش مەقسىتىدە، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» ۋە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»، شۇنىڭدەك ئالاقىدار قانۇن- نىزاملارغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ چىقىرىلدى.

**2- ماددا**

بۇ نىزام ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەمۇرىي تەۋەسىدىكى دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، شەھەر- يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، مەھەللىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلارنىڭ، شۇنىڭدەك پۇقرالارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىشىغا تەتبىقلىنىدۇ.

**3- ماددا**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پۇقرالارغا قارىتىلغان ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى

يادرو قىلىنىپ مىللەت نەزەرىيەسىنى ئۆگىنىش، مىللىي سىياسىتىنى ئىگىلەش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر ساۋاتلارنى ئومۇملاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېڭىنى تۇرغۇزۇش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جاۋابكارلىقىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى تەربىيەدۇر.

4 - ماددا

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا ئادەمگە قاراپ تەربىيە بېرىش، ئىجابىي تەربىيە بېرىش، ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشنى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىرادىسى ۋە ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش لازىم.

5 - ماددا

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئاساسلىق خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك. مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش پۇقرالارنىڭ مۇقەددەس مەسئۇلىيىتى ۋە شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى. ھەر مىللەت خەلقى «خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ» دەيدىغان ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئىناق ئۆتۈپ، باشتىن-ئاياغ ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇشى لازىم.

6 - ماددا

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش پۇقرالارنىڭ قانۇن

بويىچە ئېرىشكەن ھوقۇقى ۋە ئۆتەيدىغان مەجبۇرىيىتى.

**7 - ماددا**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانىغا، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ۋە يۇقىرى ئەخلاق قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا كىرگۈزۈشى، يۈنى مەنىۋى مەدەنىي ئورۇننى باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشى كېرەك.

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيلىكى، دەۋرىيلىكلىكنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇنى ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىيات ئىشلىرىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپ، ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئۇنىڭ چاقىرىش، يېقىنلاشتۇرۇش ۋە تەسىر كۆرسىتىش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

**8 - ماددا**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىدە نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ۋە تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلىشى ۋە مۇكاپاتلىشى كېرەك.

**9 - ماددا**

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپ-سۆزلەرنى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئۇچۇرلارنى توپلىشى، بېرىشى، تەييارلىشى، ئېلان قىلىشى ياكى تارقىتىشىغا يول قويۇلمايدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان ھەرىكەتلەردە بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**2 - باب ئاپپارات ۋە مەسئۇلىيەت**

**10 - ماددا**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيىتى:

(1) پارتىيەنىڭ مىللىي سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن- نىزاملىرىنى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش؛

(2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى يىرىك پىلانىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش؛

(3) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىگە تەشكىلاتچىلىق، يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش؛

(4) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىدىكى چوڭ- چوڭ مەسىلىلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلىش؛

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە كېڭەيتىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەقدىرلەش؛

(6) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىگە دائىر باشقا ئىشلار.

**11 - ماددا**

دۆلەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئۆز ئورنى، تارمىقى، سىستېمىسىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ.

كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئۆز ئورنىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەر بىلەن قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

يېزا(بازار)، كوچا، كەنت(شەھەر) ئاھالە كومىتېتى ۋە مەھەللىلەر ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، قارىمىقىدىكى كەنت (شەھەر) ئاھالىسى ۋە كوچىمە ئاھالە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۈچەيتىپ، شەھەر-يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ۋە مەھەللىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك رولىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى ھەممە ئائىلىگىچە قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

**12 - ماددا**

مائارىپ مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىڭ مەزمۇنىنى مائارىپ يىرىك پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئالىي مەكتەپلەر تېخنىكوملار، ئوتتۇرا،

باشلانغۇچ مەكتەپلەر مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى دەرسلىكىنى تۈزۈشى كېرەك. ئوقۇتقۇچىلار قۇشۇنىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىدىكى جاۋابكارلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يېتەكچىلىك، ئۈلگىلىك ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ھەمدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئوقۇ- ئوقۇتۇش پىلانىغا، خەلق مائارىپىنىڭ پۈتۈن جەريانىغا كىرگۈزۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش، يارامىلىق ئادەم بولۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى، مىللىي سياسىتى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن- نىزاملىرىنى دەرسخانىغا، دەرسلىككە ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللىسىغا كىرگۈزۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

باللار باغچىلىرى ئوقۇش يېشىغا توشمىغان باللارغا ئۈلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماس كېلىدىغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى بېرىشى كېرەك.

ھەرقانداق كىشىنىڭ مەكتەپلەردىكى دەرس، سۆز مۇنبىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە،مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا پايدىسىز گەپ- سۆزلەرنى تارقىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ؛ ھەرقانداق كىشىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، ئىجتىمائىي ئىناقلىققا زىيان يەتكۈزىدىغان، جامائەتنىڭ كاللىسىنى قايدۇرىدىغان پىتنە- ئىغۋا تارقىتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**13 - ماددا**

مەدەنىيەت مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى مەدەنىيەت بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت- سەنئەت نومۇرلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئورۇنداش، مۇزېيدا مەدەنىيەت يادىكارلىقىنى كۆرگەزمە قىلىش، غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش، ئاممىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈش، مەدەنىيەت ئۈچۈر بايلىقىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ۋە كىتاب ئوقۇش قاتارلىق ۋاسىتىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئاساس قىلىنغان مەدەنىيەت پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇشى كېرەك.

ئەدەبىيات- سەنئەت تەشكىلاتلىرى، مەكتەپلەر دەۋر روھى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن،

مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىشى، ئىناق ئۆتۈشى، ئورتاق تەرەققىي قىلىشى نامايەن قىلىنغان ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىشى كېرەك.

**14 - ماددا**

ئاخبارات- نەشرىيات مەمۇري مەسئۇل تارمىقى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك كىتاب، ژۇرناللارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن نادىر نەشر بۇيۇملىرىنى ئۈزلۈكسىز نەشر قىلىشى كېرەك. كىتاب- ژۇرناللارنى تەھرىرلەش، بېسىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش ۋە ئۈن- سىن ئېلېكتىرون نەشر بۇيۇملىرىنى تەييارلاش، تور نەشر بۇيۇملىرى ۋە نەشر بۇيۇمى بازىرىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**15 - ماددا**

ئەدلىيە مەمۇري مەسئۇل تارمىقى مىللەتلەر ئىتىپاقلىقى تەربىيەسىگە دائىر قانۇن- نىزاملارنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي قانۇن، مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر قانۇن- نىزاملارنى قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يىرىك پىلانى ۋە قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش يىللىق پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنى دۆلەتنىڭ قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى دۆلەت قانۇنى ئارقىلىق قوغداشنى ئۆگىنىۋېلىپ، قانۇننى بىلىدىغان، قانۇنغا رىئايە قىلىدىغان پۇقرا بولۇشقا، دۆلەت قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدىغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى پەيدا قىلىدىغان قىلمىشلارغا قارشى كۆرەش قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم.

**16 - ماددا**

ئادەم بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت مەمۇري مەسئۇل تارماقلىرى ئالاقىدار ساھە مەسئۇل تارماقلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىكتە، داۋاملىق تەربىيە يىرىك پىلانى، كەسپىي تەربىيەلەش پىلانى ۋە ئىشلەمچىلەرنى تەربىيەلەش پىلانىدا مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىگە دائىر مەزمۇن بولۇشى ھەمدە ئۇنى باھالاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈشى كېرەك.

17 - ماددا

مىللەت- دىن ئىشلىرى مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى بويىچە ئىلغار نەمۇنىچىلارنى يارىتىش، تەقدىرلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، تىپلارنى بايقاپ، خۇلاسىلەپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار، نەمۇنىچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ھەممە ئادەمنى خەۋەرلەندۈرۈپ، تىپلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىنى ئەتراپىدىكى ئادەم ۋە ئىشلار ئارقىلىق تەربىيەلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى ئىشلىرىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلىشى لازىم.

مىللەت- دىن ئىشلىرى مەمۇرىي مەسئۇل تارماقلىرى دىنىي زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىغا بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى دىنىي سورۇنلاردا، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىا ئارىسىدا قانات يايدۇرۇشى لازىم.

18 - ماددا

سودا- سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى كارخانا ۋە يەككە سودا- سانائەتچىلەرگە بولغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

تىزىملاتقان نام، ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى، ئېلان پائالىيىتى ۋە باشقا سودا پائالىيەتلىرىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز مەزمۇن ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.

19 - ماددا

ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا قانات يايدۇرۇشى لازىم.

ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھەر مىللەت ئىشچى- خىزمەتچىلىرى بىلەن ئالاقە

قىلىشتىكى كۆۋرۈكلۈك، ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بېرىشى كېرەك.

كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ياش- ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىنى ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ قىزىقارلىق ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

ئاياللار بىرلەشمىسى ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاياللار ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بېرىشى كېرەك.

سودا- سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى سودا جەمئىيەتلىرىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك، ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

**20 - ماددا**

گېزىت، رادىيو، كىنو، تېلېۋىزىيە، ئىقتىساد ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تارمىقى قاتارلىق مەسئۇل تارماقلار ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەشۋىقات ۋە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئالاقە تورى، يان تېلېفون قاتارلىق يېڭى ۋاستىلەرنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا دائىر قانۇن- نىزام، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىگە دائىر چوڭ- چوڭ پائالىيەتلەر ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە تىپلارنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ۋە خەۋەر قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى مەزمۇنىدىكى مەخسۇس خەۋەرلەر، رادىيو- تېلېۋىزىيە پىروگراممىلىرى ۋە ئۇچۇر تورى ئۈن-سىن پىروگراممىلىرىنى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە جامائەت پاراۋانلىقى ئېلانلىرىنى بېرىپ، ياخشى جامائەت پىكرى كەيپىياتىنى يارىتىشى لازىم.

**21 - ماددا**

تۆمۈر يول، تاشيول، پۇقرالار ئاۋىئاتسىيەسى، سەھىيە، ساياھەتچىلىك، سودا تارمىقى قاتارلىق تارماقلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى پائالىيىتىنى ئايرودرۇم، ۋوگزال، بېكەت، سودا-ساراي، دوختۇرخانا، كوچا، مەيدان، ساياھەت مەنزىرە رايونى قاتارلىق كۆزنەك ساھەلەر ۋە جامائەت سورۇنلىرىغىچە قانات يايدۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت

يارىتىشى كېرەك.

**22 - ماددا**

پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن- مائارىپ تەتقىقات ئاپپاراتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى نەزەرىيەسى ۋە چوڭ-چوڭ ئەمەلىي نەتىجىلەر تەتقىقاتىنى ياخشى يولغا قويۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئىلمىي نەزەرىيە يېتەكچىلىكى ۋە مەدەتكە ئىگە قىلىشى كېرەك.

## 3 - باب مەزمۇن ۋە شەكىل

**23 - ماددا**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى:

(1) ماركسىزملىق دۆلەت قارىشى، مىللەت قارىشى، دىن قارىشى، تارىخ قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى تەربىيەسى؛

(2) دۆلەت ئېڭى، پۇقرالىق ئېڭى، قانۇن ئېڭى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئېڭى تەربىيەسى؛

(3) ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيەسى؛

(4) پارتىيەنىڭ مىللەت نەزەرىيەسى، مىللىي سىياسىتى، دىن سىياسىتى، دۆلەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن- نىزاملىرىغا دائىر تەربىيە؛

(5) ئۇلۇغ ۋەتەننى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تونۇش تەربىيەسى؛

(6) مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىشىغا دائىر تەربىيە؛

(7) شىنجاڭ تارىخى، مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخى، دىنىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىش تارىخىغا دائىر تەربىيە؛

(8) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە، دىنىي ئەسەبىيلىرىگە، زوراۋان، تېرورچىلارغا قارشى تۇرۇش تەربىيەسى؛

(9) مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ- ئادىتىگە ھۆرمەت قىلىش تەربىيەسى؛

(10) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك باشقا مەزمۇنلار.

**24 - ماددا**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا ئۇنۇمگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەمەلىيەتكە، تۇرمۇشقا، ئاممىغا يېقىنلاشتۇرۇپ، مەركەزلىك تەربىيە بىلەن دائىملىق تەربىيە بېرىشنى نۇقتىلىق تەربىيە بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەسىنى، نەزەرىيە تەربىيەسى بىلەن ئەمەلىيەت تەربىيەسىنى، ئىلغار تىپلاردىن ئۆگىنىش بىلەن ئىلغار روھنى ئەۋج ئالدۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش شەكلىنى قوللىنىپ، تەربىيەنىڭ جەلپ قىلىش، تەسىرلەندۈرۈش ۋە قايىل قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**25 - ماددا**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىي تېما قىلىنغان ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش، زېھىن سىناش مۇسابىقىسى، دوكلات يىغىنى، نوتۇق يىغىنى، سۆھبەت يىغىنى، سۈرەت كۆرگەزمىسى، تام گېزىتى، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرى، مەخسۇس كونسۇلتاتسىيە قاتارلىق شەكىللەرنى، شۇنىڭدەك ئالاقە تورى، يىراقتىن ئوقۇتۇش، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش قاتارلىق تارقىتىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشقا بولىدۇ.

**26 - ماددا**

ھەر يىلىنىڭ 5 - ئېيى ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيى بولىدۇ.

ھەر يىللىق مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ئېيىدا ئاساسىي تېمىنى بېكىتىپ، بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئايلىق تەربىيە ئارقىلىق يىللىق تەربىيەگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## 4 - باب كاپالەتلەندۈرۈش ۋە نازارەت قىلىش

**27 - ماددا**

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمەتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتى خىراجىتىنى شۇ دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈپ، مىللەتلەر

ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنىڭ نورمال ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

28 - ماددا

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتىدە ئۇزاق ئۇنۇملۇك مېخانىزىمنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىنىڭ كەڭ، چوڭقۇر، ئۇراقىچە قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

29 - ماددا

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىدە رەھبەرلەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ، ئۇ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنى باھالاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىنىدۇ.

30 - ماددا

ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بېرىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس ياكى قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

31 - ماددا

ئاپتونوم رايونىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى دەرسلىكىنى بېكىتىشكە مەسئۇل بولىدۇ، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئاخبارات - نەشرىيات تارمىقى قاتارلىق تارماقلار ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە قاتارلىق تىل - يېزىقتىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى دەرسلىكىنى تۈزۈش، تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدە مەسئۇل بولىدۇ.

32 - ماددا

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى، مۇزېي، ئىنقىلابىي تارىخىي خاتىرە سارايلىرى، قەھرىمانلار قەبرىستانلىقى قاتارلىق سورۇنلاردىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، شارائىتى يار بېرىدىغان جايلار مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەرەققىياتى تەربىيە بازىلىرى ۋە ئۈلگە ئورۇنلارنى قۇرسا بولىدۇ.

**33 - ماددا**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە يىللىق باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، باھالاش چارىسىنى چىقىرىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

**34 - ماددا**

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالاقىدار ئورۇنلارغا تەنقىدىي پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان سۆز- ھەرىكەتلەرنى چەكلەش ۋە پاش قىلىش مەجبۇرىيىتى بولىدۇ.

ھەرقانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ پاش قىلىش مەزمۇنىنى ئاشكارىلاپ قويۇشقا، پاش قىلغۇچىلاردىن ئۆچ ئېلىشقا يول قويۇلمايدۇ.

## 5 - باب قانۇن جاۋابكارلىقى

**35 - ماددا**

دۆلەت ئورگانلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، شەھەر- يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار، مەھەللىلەر ۋە باشقا تەشكىلاتلاردىن تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرى كۆرۈلگەنلىرىنى ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، تەنقىد قىلىدۇ ھەمدە سۆرۈك ئىچىدە تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ تۈزەتمىسە، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاقىدار تارمىقى ۋە ئالاقىدار ئورۇنلار ئۇلارنىڭ شەرەپ نامىنى، ئىلغار، مۇنەۋۋەر بولۇپ باھالىنىش سالاھىيىتىنى بىكار قىلىدۇ؛ قىلمىشى ئېغىر بولسا، ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق بىۋاسىتە جاۋابكار مەسئۇل

خادىم ۋە باشقا بىۋاستە جاۋابكارلارنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ:

(1) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە نىشانلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلمىغانلار؛

(2) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى بويىچە باھالاشتىن ئۆتەلمىگەنلەر؛

(3) ساختىپەزلىك قىلىپ، شەرەپ نامىغا ئېرىشىۋالغانلار؛

(4) كادىرلار، ئىشچى- خىزمەتچىلەر ۋە باشقا پۇقرالارنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسى ھەققىدە بەرگەن تەكلىپ ۋە تەنقىدىي پىكىرلىرىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلەر؛

(5) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلمىغانلار؛

(6) مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارغا دائىر پاش قىلىش مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قانۇن بويىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلمىغانلار؛

(7) مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپ باشقا ئەھۋاللار.

36 - ماددا

مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز سۆز- ھەرىكەتلەرنى قىلغانلارنى ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق ۋە ياكى كەنت (شەھەر) ئاھالە كومىتېتى تەنقىد- تەربىيە بېرىپ، تۈزىتىشكە بۇيرۇيدۇ؛ دۆلەت مەمۇرلىرىغا ئىشلەيدىغان ئورنى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماق قانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

37 - ماددا

مۇشۇ نىزامدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز گەپ- سۆزلەرنى تارقاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئۇچۇرلارنى توپلىغان، بەرگەن، تەييارلىغان، ئېلان قىلغان ياكى تارقاتقان، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مىللىي ئۆچمەنلىككە قۇتراتقۇلۇق قىلغان، مىللىي بۆلگۈنچىلىك قىلغان، ئامانلىق باشقۇرۇش تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلارغا قانۇن بويىچە ئامانلىق باشقۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ؛ جىنايەت شەكىللەندۈرگەنلەر قانۇن بويىچە جىنايى

جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.

**38 - ماددا**

نــــاھىيە دەرىجىلىكـــــتىن يـــۇقىرى خەلـــق ھۆكۈمەتلىرىنـــــىڭ ئالاقـــــدار تارمـــــاقلىرى، مۇناســــــۋەتلىك ئـــــورۇنلاردىن ۋە ئۇلارنـــــىڭ خادىملىرىـــــدىن مىللەتـــــلەر ئىتتىپـــــاقلىقى تەربىيەســـنى باشـــقۇرۇش خىزمىتـــدە بىپەرۋالـــق قىلغـــان، ســـاختىپەزلىك قىلغـــان، خىـــزمەت ھوقۇقىـــدىن كەلســــە-كەلـــمەس پايـــدىلانغانلىرىنى ئىشـــلەيدىغان ئـــورنى يـــاكى يـــۇقىرى دەرىجىلىـــك مەســـئۇل تارمـــاق تەنقىـــد- تەربـــيە بېرىـــپ، تۈزىتىشـــكە بۇيرۇيـــدۇ؛ قىلمىشـــى ئېغىرلىرىنـــىڭ بىۋاســـتە جاۋابكـــار مەســـئۇل خـــادىمى ۋە باشـــقا بىۋاســـتە جاۋابكارلىرىغـــا قـــانۇن بويىچە مەمۇرىي چارە كۆرىدۇ.

**39 - ماددا**

مۇشـۇ نىزامغـا خىلاپلىـق قىلىـپ، مەمـۇرىي جـازا بېرىلىـدىغان باشـقا قىلمىشـلارنى سـادىر قىلغانلارغا ئالاقىدار تارماقلار قانۇن- نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە جازا بېرىدۇ.

## 6 - باب قوشۇمچە پرىنسىپ

**40 - ماددا**

شــــنجاڭدىكى خەلـــق ئـــازادلىق ئارمىيەســـى ۋە خەلـــق قورالللـــق ســـاقچى قىســـملىرى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشتا مۇشۇ نىزامدىن پايدىلىنىدۇ.

**41 - ماددا**

بۇ نىزام 2010- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

مەنبە: ئۇرۇمچى شەھەرلىك مىللەت ۋە دىن تورى

ئېلكتاب ئىشلىگۈچى: مەنزىل گۇرۇپپىسى